سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# كۆل بولۇپ سۇ تاغ ئارا تۇتقاي ماكان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى** 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، نەچچە ئون يىللىق دەلىللەش ئارقىلىق چاڭجياڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى، بۇ، تاكى بۈگۈنگىچە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ سۇچىلىق سۇ ئېلېكتىر تۈگۈنى قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

سەنشيا قۇرۇلۇشىغا نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇقنىڭ ئارزۇسى مۇجەسسەملەنگەن. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دۆلەت قۇرۇش تەدبىرى»دە سەنشيا قۇرۇلۇشى قىلىش ئىشىنى تىلغا ئالغاندى. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، بەش يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ماۋ زېدوڭ سەنشيا قۇرۇلۇشى ۋە چاڭجياڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا شۇ چاغدىكى چاڭجياڭ سۇچىلىق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالتە قېتىم مەسلىھەت سورىغان. 1982 - يىلى، دېڭ شياۋپىڭ دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق توك جىددىيچىلىكى ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى كۆرگەندە مۇنداق بىلدۈرگەن: توغرا دەپ قارىغان ئىكەنمىز ئىرادىگە كېلىشىمىز، تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك.

1984 - يىلى، گوۋۇيۈەننىڭ 16 مىنىستىرلىق، كومىتېت ۋە خۇبېي، خۇنەن، سىچۇەندىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلكە ھەم 58 پەن تەتقىقات قۇرۇلۇش ئورنى، 11 ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاراپ چىقىشى ئارقىلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن سۇ ساقلاش ئورنى 150 مېتىر بولغان سەنشيا لايىھەسىنى تەستىقلىدى. 1992 - يىلى 4 - ئايدا، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا سەنشيا سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش قارارى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. بۇنىڭ ئىچىدە، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى، ئېگىزلىكى 185 مېتىر كېلىدىغان سەنشيا توسمىسى ياساشنى قارار قىلىش بولدى.

سەنشيا قۇرۇلۇشى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، توك چىقىرىش ۋە سۇ تىرانسپورت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئۇنىڭ 18 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ۋە 84 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەتلىك يىللىق توك چىقىرىش مىقدارى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى بولغان سەنشيا توسمىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2309 مېتىر، توسما گەۋدىسىنىڭ بېتون قويۇپ قويۇرۇش ئومۇمىي مىقدارى 16 مىليون كۇب مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بېتونلۇق ئېغىر توسما ھېسابلىنىدۇ.

قۇرۇلۇشچىلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دۇنيادىكى ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىشنى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بىر يۈرۈش ئىلمىي قۇرۇلۇش ھۈنەر - سەنئىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىر قاتار تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، بىر يۈز نەچچە تۈرلۈك دۇنيا بويىچە «ئەڭ»لەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، دۆلەت ۋە تارىخقا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن دۇنيا توسما قۇرۇلۇشى تارىخىدىكى يېڭى رېكورتنى يېزىپ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش تارىخىدىكى مۆجىزىنى ياراتتى.

2006 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پۈتۈن لىنىيە بويىچە بېتون قۇيۇش ئېگىزلىكى 185 مېتىر بولغان سەنشيا توسمىسى قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەيۋەتلىك سەنشيا توسمىسى شىلىڭ جىلغىسىدا قەد كۆتۈردى، ماۋ زېدوڭنىڭ «قەد كۆتۈرگەن چاغدا دەريا غەربىدە بىر تاش سېپىل، بوغۇلۇپ ۋۇشەن تېغىنىڭ يامغۇرى ئۈزۈل - كېسىل، كۆل بولۇپ سۇ تاغ ئارا تۇتقاي ماكان» دېگەن ئۇلۇغ قىياسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلاندى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# خەلقنىڭ ياخشى ساقچىسى جياڭ ۋېي

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خاۋ)** شىئەن شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىدا قارىغاي، ئارچىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى قەھرىمان جياڭ ۋېي بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئۆزى جان تىكىپ قوغداشقا قەسەم قىلغان بۇ قەدىمىي شەھەرگە قاراپ ياتاتتى.

جياڭ ۋېي 1964 - يىلى تۇغۇلغان، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋېينەن شەھىرىدىن. 1979 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1982 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قاتناش باشقۇرۇش باشقارمىسى 4 - ئوتتۇرا ئەترىتى، شىئەن شەھەرلىك ئاياللار يىغىۋېلىپ باشقۇرۇش - تەربىيەلەش ئورنى، شىئەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋېيياڭ شۆبە ئىدارىسى ۋېيياڭگۇڭ ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسى بولغان.

جياڭ ۋېي جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئامما ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن. ئۇ رەزىللىكلەرگە نەپرەتلىنەتتى، زېرەك، باتۇر بولۇپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمايتتى، كۆپ قېتىم ئۆزى يالغۇز جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلغان، قىسقىغىنا سەككىز يىل ۋاقىتتا تۆت قېتىم شەرەپ بىلەن يارىلانغان.

بىر قىش كېچىسى، جياڭ ۋېي بىر تاكسى شوپۇرىنىڭ پىچاق كۆتۈرۈۋالغان ئۈچ قارا نىيەت تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقىنى بايقاپ، دەرھال بېرىپ توسقان. قارا نىيەت خەنجىرىنى «شارت» قىلىپ چىقىرىپ قىستاپ كېلىپ: «ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما، پىچاق ساقچىنى تونۇمايدۇ!» دېگەن، جياڭ ۋېي تەھدىتتىن قورقۇپ قالماي ئۆزى يالغۇز ئۇلار بىلەن ئېلىشقان، قارا نىيەت ئۇنىڭ بىلىكىگە پىچاق تىقىۋەتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن شوپۇرغا: «دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ دېلو مەلۇم قىلىڭ!» دەپ ۋارقىرىغاچ، بىر تەرەپتىن قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئارىدىكى بىر جىنايەتچىنى بويسۇندۇرغان. قالغان ئىككى جىنايەتچىمۇ دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان.

جياڭ ۋېي ئىشتىن چۈشكەندىمۇ، ھەر ۋاقىت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئۇنتۇمايتتى. بىر قېتىم ئۆيىگە قايتىش يولىدا، جياڭ ۋېي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قاچقۇننى تونۇۋېلىپ، شۇ ھامان قوغلاپ تۇتۇشقا ئاتلىنىپ، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي تۆت مېتىردىن ئېگىز ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سول پۇتىنىڭ قايرىلىپ كېتىپ قاتتىق ئاغرىشىغا قارىماي، ئاخىر قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتقان.

1990 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جياڭ ۋېي بىر قېتىملىق زور زەھەر ئېلىپ سېتىش دېلوسى يىپ ئۇچىنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۈچ قېتىم «يولۋاس ئۇۋىسى»غا كىرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت دەلىل - ئىسپاتىنى ئىگىلىگەن. 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئەسلىدە دەم ئالىدىغان جياڭ ۋېي تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ساقچىخانا باشلىقى خۇ جيەنچىڭ قاتارلىق تۆت خەلق ساقچىسى بىلەن ئۇدۇل ئۇۋىغا بېرىپ جىنايەتچىلەرنى تۇتقان. نەق مەيداندا، جياڭ ۋېي تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان قېچىپ يۈرگەن قاتىللىق دېلوسى گۇماندارى چېن شىباۋنى بىر قاراپلا تونۇۋالغان. چېن شىباۋ ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنىپ تۇتۇلۇپ قېلىشىنى بايقاپ، تۇيۇقسىز تاپانچىنى چىقارغان. بۇ خەتەرلىك پەيتتە، جياڭ ۋېي پىداكارلىق بىلەن، «جىنايەتچىدە تاپانچا بار ئىكەن!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە جىنايەتچىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ، كۆكرىكى بىلەن جىنايەتچى ئاتقان ئوقنى توسۇۋالغان. قوراللىق قارا نىيەتلەر ئاخىر خەلق ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، جياڭ ۋېينىڭ كۆكرىكىگە ئوق تەگكەچكە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

قەدىمىي شەھەرنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىكى بىر تاپانچا ئاۋازى بىلەن خەلق چاكىرى مەردلەرچە قۇربان بولدى، جياڭ ۋېينىڭ ھاياتلىق گۈلىنىڭ ئېچىلغان ۋاقتى گەرچە قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە خەلقنىڭ بەختىنى قوغدىغان. جياڭ ۋېي قۇربان بولغان كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە چارلاشقا چىققان شى ياچىڭ مۇنداق دېدى: «جياڭ ۋېينىڭ قۇربان بولۇشتىن قورقماسلىق، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بىزنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىشىمىزغا، پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىشىمىزغا ئىزچىل ئىلھام بېرىپ كەلدى».

1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى يولداش جياڭ ۋېيغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى. شۇ يىلى، شەنشى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جياڭ ۋېينى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى.

شىئەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋېيياڭ شۆبە ئىدارىسى سىياسىي خىزمەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى شۇ چاۋرۇي مۇنداق دېدى: «جياڭ ۋېي خەلقنىڭ ياخشى ساقچىسى، ساقچىلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى، جياڭ ۋېينىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد شىئەن خەلق ساقچىلىرىغا ئىلھام بولىدۇ، ئۇنىڭ روھىغا مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىنىدۇ».

# قۇمۇشئېرىق كەنتىدىكىلەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكتا كىرىمنى ئاشۇرۇش بىلەن ئالدىراش

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇخبىرلار نەق مەيداندا، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى - نەملىك دەرىجىسى، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى - نەملىك دەرىجىسى، تۇپراق PH قىممىتى، يورۇقلۇق، كاربون (IV) ئوكسىد، ئاتموسفېرا تەركىبىدىكى ئوكسىگېن مىقدارى قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلارنىڭ پارنىكنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئېلېكترونلۇق ئېكراندا ھەر ۋاقىت كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆردى. خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئەي شيەنتاۋ يان تېلېفونىنى ئېچىۋىدى، پارنىكنىڭ ئىچىدىكى ئەمەلىي كۆرۈنۈش، تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ ۋاقىتتىكى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ئۇچۇرلىرى ئېنىق كۆرۈندى، يەنە تېخى پارنىكتىكى نەملەشتۈرگۈچى يوپۇقلۇق شامالدۇرغۇچ، پۈركۈتۈپ - تېمىتىپ سۇغىرىش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنى يىراقتىن كونترول قىلغىلى بولاتتى.

«بەك ئىلغار ئىكەن، يان تېلېفوننى ئېچىپ ئۆيدە تۇرۇپلا پارنىكنى باشقۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەققەتەن ئويلاپ باقمىغانىدىم.» بۇ يەردە خىزمەت قىلىدىغان نامرات ئاھالە ئايشەمگۈل ئەيسا ئايدا 1000 يۈەن كىرىم قىلىدىكەن، ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك ماڭا مۇقىم كىرىم ئېلىپ كېلىپلا قالماي، يەنە ئەتراپتىكى يۇرتداشلارنىڭمۇ ئۆگىنىدىغان، پايدىلىنىدىغان ئۈلگىسى بار بولدى.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، قۇمۇشئېرىق كەنتىدە ئەسلىدە 90 نەچچە پارنىك بار بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى چەكلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقۇرۇشى يىرىك بولغاچقا، ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن ئىكەن. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېرىش، ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى مۇھىم خىزمەت دەپ بىلىپتۇ. 2018 - يىلى، 2019 - يىلى، يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ قوللىشىدا، قۇمۇشئېرىق كەنتى ئون ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىك سېلىپ، «ئەتىيازدا بالدۇر يېتىشتۈرۈش» «كۈزدە كېچىكتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش»تەك كۆكتات مايسىسى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپتۇ. كەنت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 28 مەيدان قېتىم مايسا يېتىشتۈرۈش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، 1000غا يېقىن كىشىنى تەربىيەلەپتۇ. ياخشى مايسا ۋە تېخنىكا كاپالەتلىك بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پارنىك تېرىقچىلىقى ئاكتىپچانلىقى زور دەرىجىدە ئېشىپتۇ، 2019 - يىلى، پۈتۈن كەنتتىكى پارنىك 434كە يېتىپ، ھەم تاماق ئۈستىلىنى موللاشتۇرۇپتۇ، ھەم كىرىمنى ئاشۇرۇپتۇ.

بۇ يىل، نامرات ئاھالە ماموت يۈسۈپ سىناپ بېقىش ئۈيىدا، ئۆزىنىڭ ئىككى پارنىكىغا ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن «ئەتىيازدا بالدۇر يېتىشتۈرۈلگەن» لازا مايسىسىنى كۆچۈرۈپ، مول ھوسۇل ئېلىپ، كىرىمنى 1000 يۈەنگە يېقىن ئاشۇرۇپتۇ. «كېلەر يىلى مەن تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى ماموت.

«كېيىنكى قەدەمدە، بىز يەنە ئۈزۈم، ئەنجۈر قاتارلىق ئۆزگىچە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكنى ئاساس قىلغان چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال مايسا - كۆچەت يېتىشتۈرۈش بازىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قۇمۇشئېرىق كەنتىنىڭ ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى مەركەزلىك، تۇتاش، بىرلىككە كەلتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش ئاساسىدا، پۈتۈن كەنت بويىچە قوش سولياۋ يوپۇق يېپىپ قوغۇن، كۆك لازا، شوخلا، چەيزە، جاڭدۇ، ياڭيۇ قاتارلىق كۆپ خىل پەسىلسىز كۆكتاتلارنى ئۆستۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ يولغا قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە تۈرلۈك كۆكتات ئۆستۈرۈش ماھارىتىنى ئىگىلىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىمىز» دېدى ئەي شيەنتاۋ.

# خۇ خۇيېن: ھاياتى ئارقىلىق خەلق ئۈچۈن تىنچ - ئامانلىق «ئالتۇن قالقىنى» بولۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاڭجۇ، 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گۇ شياۋلى)** 1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كەچتە، قۇلاقنى يارغۇدەك ئوق ئاۋازى جېجياڭ ئۆلكىسى ۋۇيى ناھىيەسىنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزدى، جېجياڭ ئۆلكىسى ۋۇيى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىمى، پېشقەدەم خەلق ساقچىسى خۇ خۇيېن قارا نىيەتلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا بەختكە قارشى ئوق تېگىپ يىقىلدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيتىدە، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ قارا نىيەتنى تۇتۇپ، ئۇنى ئاستىغا چىڭ بېسىۋالدى... 20 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ھېلىھەم شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان بولۇپ، ئىزباسار كەسپداشلىرىغا چوڭقۇر ئىلھام بولماقتا ۋە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

خۇ خۇيېن 1940 - يىلى تۇغۇلغان، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭكاڭ ناھىيەسىدىن، 1971 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، جېجياڭ ئۆلكىسى ۋۇيى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خۇشەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، جىداۋيۈەنى، ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى، ئىچكى قوغداش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈم دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىمى بولغان. ساقچىخانىدا ئىچكى ۋەزىپە خادىمى بولغاندا، ئۇ توپلىغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى تولۇق، رەتلىك، چوڭ - كىچىك دېلولارنىڭ ھەممىسىگە ئەسكەرتمە قالدۇرۇلغان بولغاچقا، خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن «تىرىك لۇغەت» دەپ ئاتالغان؛ سىرتقا ۋەزىپىگە چىققاندا، ئۇ ئۆز تەۋەلىكىدىكى زاۋۇت، كان، كارخانا، تۈرلۈك بىنالىرىنىڭ ھەممىسىنى تەكشىلىك خەرىتىسى قىلىپ سىزىۋالغان بولغاچقا، جەمئىيەت ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىنتايىن ئېنىق ئىگىلىيەلەيتتى.

1991 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 22 ئەتراپىدا، خۇ خۇيېن بىلەن خىزمەتدىشى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش شۇ كۈندىكى دېلو ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ بولۇپ ئارام ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئامىنىڭ چۈشتىن كېيىن يۈرۈش - تۇرۇشى گۇمانلىق ئىككى ياشنىڭ مېھمانخانىغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان، «ئاڭلىشىمىزچە ئۇلاردا قورال بار ئىكەن، راست - يالغانلىقىنى بىلمىدۇق».

بۇ يىپ ئۇچى خۇ خۇيېننىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغىدى. ئۇ دەرھال خىزمەتدىشىنى باشلاپ بۇ ئىككى گۇمانلىق كىشىنىڭ ياتقان ئورنىنى تاپتى، ياتاق ئىشىكى ئوچۇق، ياتاق ئىچى قالايمىقان بولۇپ، ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مېھمانخانىدىكى باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، بۇ ئىككىيلەن ئەمدىلا ھېسابات قىلىپ، ئالدىراشلا كېتىپ قالغان ئىكەن.

«بۇ ئىككىسىنى توسۇۋالايلى!» خۇ خۇيېن تېزلىكتە بۇ ئىككى كىشىنى قوغلاپ توسۇش ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلىشنى كەسكىن قارار قىلغان. دۆلەت يولى لىنىيەسىگە يېقىن بىر جايغا كەلگەندە، خۇ خۇيېن بەستلىك ئىككى ياشنىڭ ئالاقزادە بولغان ھالدا ۋېنجوۋغا قاراپ ماڭغان بىر ئاپتوبۇسنى توسۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. خۇ خۇيېن خىزمەتدىشى بىلەن دەرھال بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى توسۇپ قېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر يىغىن زالىغا ئېلىپ كېلىپ سوراق قىلىپ تەكشۈرمەكچى بولغان.

«بىز جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن، ئازراق ئىش بار، تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ بەرسەڭلار.» سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، خۇ خۇيېن بۇ ئىككى ياشنىڭ يېنىنى ئاقتۇرغان. بۇ چاغدا، تۇيۇقسىز بىر ئىش يۈز بەرگەن: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ياش تۇيۇقسىز بېلىدىن بىر تاپانچىنى چىقىرىپ، خۇ خۇيېن ۋە ئۇنىڭ خىزمەتدىشىنى غالجىرلىق بىلەن ئوققا تۇتقان. خۇ خۇيېن قارا نىيەتنىڭ تاپانچىسىغا قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ، تاپانچىنى قۇرۇق قول تارتىۋالماقچى بولغان. زەھەرخەندە قارا نىيەت خۇ خۇيېنگە قارىتىپ ئوق چىقارغان، ئوق خۇ خۇيېننىڭ قورسىقىغا تېگىپ، بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىغان. بەدىنى ئېغىر يارىلانغان ئەھۋالدا، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ قارا نىيەتنى بويسۇندۇرغان ھەم خىزمەتدىشىغا: «تېز بېرىپ جىنايەتچىنى تۇت! تېز بېرىپ جىنايەتچىنى تۇت...» دەپ ۋارقىرىغان.

ئوق قورساق بوشلۇقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چوڭ قان تومۇرنى ئۈزۈۋېتىپ قان زىيادە كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، دوختۇرخانىدا پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي، خۇ خۇيېن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. 1992 - يىلى، خۇ خۇيېن ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تەستىقلاندى، شۇ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى.

ۋۇيى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بەيياڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى لياۋ سىسى مۇنداق دېدى: «95 - يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان» ياش ساقچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، گەرچە بۇ قەھرىمان ئۇستاز بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن، تونۇشالمىغان بولساممۇ، لېكىن خۇ خۇيېننىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىش، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش روھى قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. «ئىش ئورنۇمدا بىر مىنۇتلا بولىدىكەنمەن، مەسئۇلىيىتىمنى ھەر ۋاقىت تولۇق ئادا قىلىمەن. يېڭى دەۋردە خەلق ئۈچۈن يىمىرىلمەس تىنچ - ئامانلىق ‹ئالتۇن قالقىنى› بولۇش بىز بۇ بىر ئەۋلاد ياش خەلق ساقچىلىرىنىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچى».

# 10 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بېيجىڭ سودا يەرمەنكىسى ئاخىرلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە «شىنجاڭ ياخشى جاي · خۇش پۇراق شىنجاڭ» باش تېما قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدىكى كارخانىلار سەككىز چوڭ تۈردىكى 120 نەچچە خىل شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى ئېلىپ بېرىپ، بېيجىڭ شەھىرى ئاھالىلىرى ۋە سېتىۋېلىش سودىگەرلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شۇ تاۋ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىگە قاتناشتۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى مول ھەم سۈپىتى ئىشەنچلىك بولۇپ، نۇقتىلىق باشلامچى كارخانىلار ۋە «ئىككى خىل مەھسۇلات، بىر ئۆلچەم» بويىچە گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن مەھسۇلاتلار 90%تىن ئاشتى ھەم تۇنجى قېتىم بېيجىڭ سودا چەمبىرىكى، ئايرودروم، پوچتىخانا، مەكتەپ، مەھەللە قاتارلىق جايلاردا شۆبە يەرمەنكە مەيدانى تەسىس قىلىنىپ، ئۈستى يېپىق ماشىنىدا كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش، بىۋاسىتە سېتىش مەركىزىدە تونۇشتۇرۇش قاتارلىق ئەندىزىلەر ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كۆپ تەرەپتىن، كۆپ نۇقتىدىن تەشۋىق قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كارخانىلار توردا ئالقىشلانغانلارنى تەكلىپ قىلىپ دوۋيىن قاتارلىق تور سۇپىلىرى ئارقىلىق نەق مەيداندىن بىۋاسىتە كۆرسىتىشكە پائال ماسلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركا ئوبرازى ئۆستۈرۈلدى.

بۇ نۆۋەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە يەنە ئەڭ ياخشى تەشكىللەش مۇكاپاتىدىن توققۇزى، مەھسۇلات ئالتۇن مۇكاپاتىدىن 60ى باھالاپ چىقىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)